# چىن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قايىنام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن نامراتلار سانىنى ئازايتىش مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى «ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھېكايىسى»نى يېزىپ چىقتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما بۇ قېتىمقى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش پۇرسىتى بىلەن، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار تىپلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ۋە كۆرەش قىلىش روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆرنەك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆلگىنىڭ كۈچىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈم - مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياستىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شيا گېڭشېڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. دوكلات بېرىش ئۆمىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەجرىبىلىرىدىن ياخشى تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىشقا يەنىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ تاماملاش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بازىسىنى ياخشى قۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى بەرپا قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىمىز.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۆيۈەن باشلىقى زۇلھايات ئىسمائىل ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى شياڭيۈن مەكتەپ رايونىغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى.

ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى جاڭ شىنچياڭ بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى. جاڭ شىنچياڭ مۇنداق دېدى: «مەكتەپ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى سىنىپلارغا، دەرسخانىلارغا كىرگۈزۈشكە، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىدىيەگە سىڭدۈرۈپ، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملەپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرىدۇ».

«شىنجاڭدىن ئىبارەت مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراقتا مەن كۈنسايىن يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە ھېس قىلدىم. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بىز كۆپچىلىكنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىمىزدىن ئايرىلالمايدۇ.» بۇ مەكتەپنىڭ سودا - سانائەت باشقۇرۇش شۆيۈەنى بوغالتىرلىق 1908 - سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى لىزا بېكتۇرغان مۇنداق بىلدۈردى: بۇرچ تۇيغۇم ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسپىي بىلىملەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەت ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ بىر لاياقەتلىك قۇرغۇچىسى ۋە ئىزباسارى بولىمەن.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى سىياسىي - قانۇن شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن تۇڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. لېكسىيەنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر چوڭقۇر ئىلھاملاندى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى مائارىپ ئوقۇتۇشى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ ياخشى بەرپا قىلىمىز.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قەشقەر داشۆسىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى توردا ۋە تور سىرتىدا ئاڭلاشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قەيسەر ئابدۇكېرىمنىڭ لېكسىيەسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

«2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمىز ۋە ئىپتىخارلىنىمىز.» بۇ مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئىستاتىستىكا شۆيۈەنىنىڭ 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى گو جياخۇي لېكسىيەنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق بىلدۈردى: «مەن 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، غايە - ئېتىقادىمنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئۆگىنىشنىڭ كونكرېت نىشانىنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جانلىق ئەمەلىيىتىدە ياشلىق ئارزۇيۇمنى قاناتلاندۇرىمەن».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇمىي يىغىننى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2020 - يىللىق ساياھەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، قىش پەسىللىك ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشنى تېزلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، ساياھەتچىلىكنىڭ قايتا جانلىنىشىنى تېزلىتىپ، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھازىر، شىنجاڭ خىزمىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا ھەم پۇرسەت بار، شۇنداقلا خىرىسمۇ بار، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ساياھەت مېخانىزمى، تۈزۈلمىسى تېخىمۇ تاكامۇللاشتى، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ساياھەتچىلەرنىڭ پەرقلىق ئېھتىياجىنى توغرا ئىگىلەپ، كۆپ مەنبەلەشكەن ساياھەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، ساياھەت بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىش كېرەك. ساياھەت تەشۋىقات ماركېتىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دەل جايىدا بولغان ماركېتىڭنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھازىرقى ئېتىبار بېرىش، يۆلەش سىياستىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ساياھەت بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، نۇقتىلىق ۋاقىت بۆلىكىدىكى ساياھەتچى مىقدارىنى كونترول قىلىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ساياھەتكە ئالاقىدار نۇقتىلىق ساھە ۋە ھالقىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك ساياھەت كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ساياھەت خىزمىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ چۇڭجيۇ، جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىدا، لى پېڭشىن 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، «3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش» «2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈمنى تولۇق تونۇش» «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش» «نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش» «يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش» قاتارلىق جەھەتلەردىن لېكسىيە سۆزلىدى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. يىغىن روھىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، تولۇق، دەل جايىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تەربىيەلەش بايلىقى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. يىغىن روھىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلامدىن تەشۋىق قىلىپ، ياخشى چۈشەندۈرۈپ، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ يۈزتۇرا لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇپ، يىغىن روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش كېرەك. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرسىگە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، يىغىن روھىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. دۆلەت ئورتاق تىلى تولۇق قاپلىغان مائارىپ ئوقۇتۇشى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مائارىپ ئوقۇتۇشى تەرتىپىنى ئورنىتىپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۈن خۇڭمېي يىغىنغا قاتناشتى.

دوكلات يىغىنى سىن يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئوتتۇرا، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ساھە مەسئۇل تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر، پۇقراۋى ئالىي مەكتەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە، ناھىيە، شەھەر، رايونلاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خۇنەن ئۆلكىسى - شىنجاڭ ھەم بىڭتۇەننىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. نۇرلان ئابىلمەجىن سۆھبەت يىغىنىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشتىن - ئاخىر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە ئۆز دائىرىسىدىكى ئىش، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، تۈر قاتارلىق تۈرلۈك كۈچ ۋە بايلىقلارنى توپلاپ، ئۈنۈمدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئەڭ زور چەكتە زورايتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خۇنەننىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، خۇنەن ئۆلكىسى بىلەن بولغان ئۇدۇللىشىش، ئالاقىلىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پائال كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى ۋېيۋېي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەپتۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشقا پۇختا ئاساس سېلىنىپتۇ. بىز ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىپ، «جاپاغا چىداش، بار ئىشتىياقى بىلەن ئىشلەش، مۇقىم بارگاھ قۇرۇش، قاتتىق جەڭ قىلىش» روھى بىلەن، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىشىمىز كېرەك؛ ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پەزىلىتىمىز ۋە پارتىيەۋىلىكىمىزنى ياخشى تاۋلاپ، خۇنەندىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، ئىختىساسلىقلارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىشىمىز كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يىرىك پىلانىنىڭ يېتەكلەش خاراكتېرىنى كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ قان ئىشلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش سۈپىتىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونى، پىچان ناھىيەسى، توقسۇن ناھىيەسى ۋە بىڭتۇەن 12 - شىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شەھەر، بازار، يېزا، كەنت، كەسىپلەر باغچە رايونى، مەدەنىيەت مەيدان - سارايلىرى، مەكتەپ قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

خۇنەن، ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن شى ۋېيجياڭ، جاۋ چۇڭجيۇ، مەڭلىك سىيت، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياۋ شىنمىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)